اللغة الايغورية

ئۇيغۇر

# يېڭى مۇسۇلماننىڭ يېتەكچىسى

## ئىسلام دېگەن نېمە ؟

دليل المسلم الجديد، ما هو الإسلام؟

للشيخ د. هيثم سرحان

Syaikh Dr. Haitsam Sarhan

الأيغورية ئۇيغۇرچە

# تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى 3

تەۋھىد دېگەن ئاللاھ تائالانى رۇبۇبىيەتتە، ئۇلۇھىيەتتە ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە يەككە - يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.

تەۋھىد ئۈچ تۈرلۈك

## رۇبۇبىيەت تەۋھىدى

رۇبۇبىيەت تەۋھىدى دېگەن ئاللاھ تائالانى كائىناتتىكى شەيئىلەرنى يارىتىشتا، ئۇلارنى ئىدارە قىلىشتا ۋە ئىگىدارلىقتا يەككە - يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.

## ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى

ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى دېگەن جىمى تائەت - ئىبادەتلەرنى پەقەت يېگانە ئاللاھ تائالاغا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىسىم - سۈپەت تەۋھىدى

ئىسىم - سۈپەت تەۋھىدى دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىكى ئىسىم - سۈپەتلىرىنىڭ مەناسىنى بۇرمىلىماستىن، يوققا چىقارماستىن، تەمسىل قىلماستىن ۋە ھېچبىر مەخلۇققا ئوخشاتماستىن، ئۇ زاتقا لايىق رەۋىشتە ئىسپاتلاشنى كۆرسىتىدۇ.

# دىننىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى

## ئىسلام

ئىسلام دېگەن تەۋھىد بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئىتائەت بىلەن ئۇنىڭغا باش ئېگىش ۋە شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن ئادا - جۇدا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

### ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى 5

1- شاھادەت كەلتۈرۈش.
2- نامازئوقۇش.
3- زاكات بېرىش.
4- رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.
5- قۇربى يەتسە ھەج قىلىش.

## ئىمان

ئىمان دېگەن تىلدا ئىقرار قىلىش، دىلدا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئەزالار بىلەن ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن زىيادىلىشىپ كۈچىيىدۇ. گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن كېمىيىپ ئاجىزلىشىدۇ.

### ئىماننىڭ ئاساسلىرى 5

1- ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش.
2- ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.
3- ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.
4- ئاللاھنىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش
5- قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش.
6- ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

## ئېھسان

ئېھسان دېگەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

### ئېھساننىڭ ئىككى مەرتىۋىسى بار:

1- ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش.
2- ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يادىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش.

# ھارامنىڭ تۈرلىرى 4

## چوڭ شېرىك

چوڭ شېرىك دېگەن كىشىنى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان، تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتسە اللە تائالا ئەپۇ قىلمايدىغان، شېرىك كەلتۈرگۈچى قەتئىي جەننەتكە كىرمەيدىغان شېرىكتۇر.

ئاللاھنىڭ غەيرىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن ئاللاھتىن قورققاندەك قورقۇش، ئۇنىڭدىن پايدا - مەنپەئەت ئۈمىد قىلىش، قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلاردا مەدەت سوراش، ئۇنىڭغا ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىدىن بىرەرسىنى قىلىش قاتارلىقلار چوڭ شېرىكدىندۇر.

## كىچىك شېرىك

كىچىك شېرىك دېگەن كىشىنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان، ئەمما چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان، ئەگەر ئۇنى قىلغۇچى تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان شېرىكتۇر.

بىرەرسىگە (ئاللاھ ۋە سەن خالىساڭ) دېيىش، ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىش، ئازراق رىياخورلۇق، شېرىكى تۇمارلارنى ئېسىش، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان شەيئىلەردىن شۇم پال ئېلىش، كۆز مۇنچاق ئېسىشقا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ ياكى يامانلىقنى يىراق قىلىدۇ دېگەن ئېتىقادتا قوللىنىش كىچىك شېرىكتۇر.

## چوڭ گۇناھلار

چوڭ گۇناھ دېگەن قۇرئان ۋە ھەدىستە ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر جازا بېكىتىلگەن ئىشلاردۇر.

سېھىرگەرلىك قىلىش، ئاتا - ئانىنى قاخشىتىش، جازانە يېيىش، زىنا قىلىش، بەچچىۋازلىق قىلىش، يالغان سۆزلەش، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش، غەيۋەت قىلىش، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش قاتارلىقلار چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

## كىچىك گۇناھلار

كىچىك گۇناھ دېگەن چوڭ گۇناھتىن تۆۋەن تۇرىدىغان چەكلەنگەن ئىشلار بولۇپ، ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق پاكلانغىلى بولىدىغان، ئەمما ئۇنى كۆپ قىلىۋەرسە چوڭ گۇناھقا ئايلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان گۇناھلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار يېغىلىپ - يېغىلىپ، ئاخىردا ئىنساننى ھالاك قىلىۋېتىدۇ». مۇسنەد ئەھمەد

# تەرەتنىڭ، تەيەممۇمنىڭ ۋە غۇسلىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا. 2

## تەرەتنىڭ سۈپەتلىرى.

1 دىلى بىلەن تەرەت ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ ئاندىن بىسمىللا دەيدۇ ۋە ئىككى قولىنى يۇيىدۇ.



2 ئوڭ قولىغا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېغىزىنى چايقايدۇ،ئاندىن سۇنى ئېغىزىدىن چىقىرىدۇ. ئاندىن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ بۇرنىنى تازىلايدۇ، ئاندىن بۇرنىدىن سۇنى چىقىرىدۇ، سول قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.



3 ئاندىن يۈزىنى توغۇرلۇقتا بېشىدىن چاچ ئۈنگەندىن ئورۇندىن باشلاپ ئېڭىكىنىڭ ئاستىغىچە، توغۇرلۇقتا ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئارىسىنى يۇيىدۇ.



4 ئاندىن قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ ئىككى جەينىكىنى قېتىپ يۇيىدۇ، دەسلەپتە ئوڭ قولىنى ئاندىن سول قولىنى يۇيىدۇ.



5 بېشىنىڭ چېچىنىڭ ھەممىسىگە مەسىھ قىلىدۇ، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەردىنىگىچە ئاپىرىدۇ ئاندىن ئىككى قولىنى يەنە بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قايتۇرىدۇ.



6 ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزىدۇ، ئىككى باش بارمىقى بىلەن ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىنى سىلايدۇ.



7 ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشۇقى بىلەن قېتىپ يۇيىدۇ.



8 **تەرەتتەت ئالغاندا يۇيۇش بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردىن ئاشۇرۇپ يۇسا بولامدۇ؟**

تەرەت ئالغاندا يۇيۇش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئاشۇرۇپ يۇيۇش توغرا بولمايدۇ، مەسىلەن: ئۈچ قېتىم يۇيىدىغان ئورۇنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يۇيۇش، ياكى ئىككى جەينىكىگە ئىككى بىلىكىنى قېتىپ يۇيۇش ياكى ئىككى ھوشۇقىنىڭ ئۈستىدىن پاچىقىنىمۇ قېتىپ يۇيۇش ياكى گەردىنىگە مەسىھ قىلغانغا ئوخشاش.



9 **تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن :**

ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇز ئۇنىڭ شېرىكى يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ، تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە:«ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبىسى قوبۇل بولغۇچى ۋە پاك بولغۇچىلاردىن قىلسىلا» دەپ كەلگەن.

10 **- تەرەتنى بۇزۇۋېتىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا :**

1- ئىنسانىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدىن چىققان چوڭ تەرەت، كىچىك تەرەت ۋە يەل قاتارلىقلار.

2-ئۇخلاش ۋە ھوشىدىن كېتىش بىلەن ئەقلىنى يوقۇتۇش.

3- تۆگە گۆشى يېيىش.(ھەنبەلى مەزھەپتە).

## تەيەممۇمنىڭ سۈپىتى.

1 **تەيەممۇم دېگەن:**

تەرەتتە يۇيىدىغان ئەزالىرىغا سۇ ئىشلىتىش ئۈزۈرلۈك بولسا ياكى بەزى ئەزالىرنى يۇغىلى سۇ يەتمىسە ياكى سۇ ئىشلىتىش بىلەن زەرەر يېتىپ قىلىشتىن ئەنسىرىسە، ئۇ ۋاقىتتا پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىش تەرەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

2 قولىنى تۇپىغا ئۇرغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىش كېرەك بولمايدۇ ۋە ئىككى ئالقىنىنى سىلىغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى سىلاش كېرەك بولمايدۇ.




3 قولىنى تۇپىغا ئۇرغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىش كېرەك بولمايدۇ ۋە ئىككى ئالقىنىنى سىلىغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى سىلاش كېرەك بولمايدۇ.



## پەرھىز بولغان يۇيۇنۇشنىڭ سۈپىتى.

1 دىلى بىلەن يۇيۇنۇشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە ئىچىدە بىسمىللا دەيدۇ، ئېغىزىنى چايقاپ ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىپ بۇرنىنى تازىلايدۇ، ئاندىن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى چېچى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن چېچىنىڭ ئاستىنى سۇ بىلەن يۇيىدۇ.

2 **- يۇيۇنۇش پەرھىز بولىدىغان ئىشلار.**

1-جۇنابەت، بۇ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق مەنى ئىسپېرما چىقىش، ئىككى جىنسى ئەزانىڭ بىر-بىرىگە ئۇچرىشىشى ۋە باشقا يوللار بىلەن بولىدۇ.

2- ئاياللاردىن ھەيز ۋە نىپاس توختاپ قان ئۈزۈلگەندە يۇيۇش پەرھىز بولىدۇ. 3- شېھىت بولغانلاردىن باشقا ئۆلۈكلەرنى يۇيۇش. 4- كاپىر مۇسۇلمان بولغاندا يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ.

تەييارلىغۇچى: د. ھەيسەم سەرھان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە ئوقۇتقۇچى ۋە "سۈننەت ئىنستىتۇتىنىڭ"
نازارەتچىسى : mahadsunnah.com «

باستۇرۇپ تارقاتسا بولىدۇ. - سەرھان كوم تەرجىمە ياكى باركودنى بېسىڭ.

# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى ئادا قىلىش سۈپىتى «شەكلى» ①

نامازنى ئادا قىلغۇچى ئىمام بولسۇن ياكى يالغۇز بولسۇن باشقىلارنىڭ ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىغا بىرنەرسە قويۇپ نامازئوقۇش كېرەك، ئىمام قويغان بولسا جامائەتكىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

نامازدا قىيامدا تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغىلا قارايدۇ.



1

ئىككى قەدىمىنىڭ ئارىسىدا ئىككى دولىسىنىڭ ئارىلىقىدىكىدەك بوشلۇق قويىدۇ، بۇنىڭدىن كەم-زىيادە قىلمايدۇ.



2

نامازنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش بىلەن بىرگە ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى چىڭ يۇمۇپ،ئىككى قۇلىقى ياكى ئىككى دولىسىنىڭ باراۋېرىدە كۆتۈرىدۇ، ئالىقىنىنىڭ ئىچى تەرىپىنى قىبلە تەرەپكە قىلىدۇ.



3

ئوڭ ئالقىنىنى سول ئالىقىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قولىنىڭ بېغىشى ۋە بىلىكى بىلەن قېتىپ چىڭ تۇتىدۇ، قولىنى مەيدىسىدە قويىدۇ.



4

ئاندىن بىرىنچى رەكەتتە نامازنى باشلاش دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ،ھەدىسلەردە كەلگەن بىر قانچە تۈرلۈك نامازباشلاش دۇئالىرىنى ئوقۇش ياخشى بولىدۇ.

مەسىلەن

« سۇبھانە كەللاھۇممە ۋەبى ھەمدىكە، ۋە تەبارە كەسمۇكە. ۋە تەئەلا جەددۇكە، ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە».

ئاندىن ھەدىستە كەلگەن بويۇنچە: «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم» دەيدۇ.

ئاندىن بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم دەپ پاتىھە سۈرىسىنى ھەرىپلىرىنى تولۇق چىقىرىپ، ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ ئالدىرىماي ئوقۇيدۇ.

بِسْمِ اللَّـهِ الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ ﴿١﴾ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴿٢﴾ الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ﴿٤﴾ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴿٥﴾ اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ ﴿٧﴾

ئاندىن قۇرئان كەرىمدىن ئۆزىگە ئاسان بولغان يەنى ياد بىلىدىغان سۈرىدىن بىرنى ئوقۇش ياخشى بولىدۇ، ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم دېمەيدۇ، ھەربىر سۈرىنى باشلىغاندا پەقەت بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم دەيدۇ.

5

ئاندىن ناماز باشلاش تەكبىرىدە ئىككى قولىنى كۆتۈرگەندەك، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈرىدۇ ۋە رۇكۇ قىلىدۇ، رۇكۇ قىلغاندا ئىككى تىزىنى چىڭ تۇتىدۇ، ئىككى جەينىكىنى قورسىقىغا چاپلىمايدۇ، دۈمبىسىنى تەپ-تۈز قىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاز بولغاندا بىر قېتىم بولسىمۇ «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم» دەيدۇ، تاق شەكىلدە كۆپرەك دېيىش ياخشى.



6

ئاندىن « سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدە » دېگەچ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ راۋۇرۇس ئۆرە تۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى قولىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ ياكى ئىككى دولىسىنىڭ باراۋېرىدە كۆتۈرىدۇ.

راۋۇرۇس تۇرغان ۋاقتىدا « رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ» دەيدۇ، ھەدىستە بايان قىلىنغان بەزى دۇئالارنى قېتىپ دىسە ياخشى بولىدۇ.

ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرمەستىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىپ پېشانىسى، بۇرنى، ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئىچى، ئىككى تىزى ۋە پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئىچى قاتارلىق يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىدۇ.

ئىككى قولتۇقىنىڭ ئارىسىنى، قورسىقى بىلەن يوتىسىنىڭ ئارىسىنى ۋە يوتىسى بىلەن پاچىقىنىڭ ئارىسىنى كاۋاك-بوش قويىدۇ بىر-بىرىگە چاپلىمايدۇ، ئىككى بىلىكىنى زېمىندىن ئۈستۈن قىلىدۇ.



7

سەجدە قىلغاندا ئەڭ ئاز بىر قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەلا» دەيدۇ، تاق ھالەتتە كۆپ دېيىش ياخشى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇش ياخشى.



8

ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ سول پۇتىنى يېيىپ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەيدۇ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قىلىدۇ، ئىككى ئالقىنى بىلەن تىزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن يوتىسىنى تۇتۇپ: « رەببىم! مېنى كەچۈرگىن » دەيدۇ، بۇ شەكىلدە ئولتۇرۇش ئىككى رەكەتلىك نامازلاردا، ئەمما ئۈچ رەكەت ياكى تۆت رەكەتلىك نامازدا ئاخىرقى تەشەھھۇتتا سول پۇتنى ئوڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا قىلىپ ئولتۇرىدۇ.



9

ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ بىرىنچى سەجدىگە ئوخشاش سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ ئىككىنچى رەكەتكە تۇرىدۇ، ئىككىنچى رەكەتتە بىرىنچى رەكەتتە قىلغاندەك قىلىدۇ لېكىن ئىككىنچى رەكەت نامازباشلاش تەكبىرى ۋە نامازباشلاش دۇئاسى بولمايدۇ.



ئىككىنچى رەكەتنى ئادا قىلىپ سەجدە قىلىپ بولۇپ تەشەھھۇت ئۈچۈن ئولتۇرىدۇ.

باش بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ھالقا شەكىلدە قىلىدۇ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ.



تەشەھھۇت ئوقۇيدۇ ۋە دۇرۇت ئوقۇيدۇ، « ئەتتەھىياتۇ لىللاھى، ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىبات، ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادەۇللاھىسسالىھىين، ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللەلاھۇ، ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ، ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن، كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە، ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد».

ئاندىن تۆت ئىشتىن پاناھلىق تىلەيدىغان مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن، قەبرىنىڭ ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ۋە ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن»، ئۆزى ياقتۇرىدىغان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ سىلىنى ياد ئېتىشىم، نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىشىم ۋە گۈزەل شەكىلدە «سۈننەتكە ئۇيغۇن» ئىبادەت قىلىشىمغا ياردەم بەرسىلە».

ئاندىن ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە سالام بېرىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دەيدۇ، دولىسىنى بۇرىماستىن، قولى بىلەن ئىشارەت قىلماستىن، بېشىنى ئۈستۈنگە ۋە تۆۋەنگە ھەرىكەتلەندۈرمەستىن پەقەت بېشىنى بۇرايدۇ.





10

تەييارلىغۇچى : دكتورهيثم سرحان، د. ھەيسەم سەرھان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە ئوقۇتقۇچى ۋە "سۈننەت ئىنستىتۇتىنىڭ" نازارەتچىسى. mahadsunnah.com «

# پەيغەمبەرلىك بېشارىتى.
# پەيغەمبەرلىك ئالامىتى.
# قۇرئان كرىم.



يەھيا ئىبنى ئەكسەم مۇنداق دەيدۇ: ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەئمۇننىڭ دەۋرىدە ئوردىدا مۇنازىرە سورۇنلىرى بولاتتى، سورۇنغا خەلىپە مەئمۇن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلاتتى، بىر قېتىملىق مۇنازىرە سورۇنىغا كىشىلەرنىڭ قاتارىدا كىيىم-كېچەكلىرى رەتلىك، پاكىزە، خۇشپۇراقلىق، كېلىشكەن بىر يەھۇدىي كىردى، ۋە پاساھەتلىك گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىدى، سورۇن ئاخىرلاشقاندا، مەئمۇن ئۇ كىشىنى چاقىرىپ: سەن ئىسرائىلىيمۇ يەنى يەھۇدىي؟ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ كىشى: شۇنداق دېدى، مەئمۇن ئۇنىڭغا: ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ ساڭا نۇرغۇن ھەدىيە-سوغىلارنى بېرەتتىم دەپ ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلدى، لېكىن ئۇ يەھۇدىي: بەلكى مېنىڭ ۋە ئاتا-بوۋامنىڭ دىنى ياخشى دەپ مەئمۇننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ئۇ يەھۇدىي مۇسۇلمان بولغان ھالەتتە كەلدى، ۋە سورۇندا پىقھى ۋە ھەدىس توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى سۆز قىلدى، سورۇن ئاخىرلاشقاندا مەئمۇن ئۇنى چاقىرىپ: سەن ئۆتكەن كۈندىكى يەھۇدىي ئەمەسمۇ؟ دېگەندە، ئۇ: شۇنداق مەن شۇ دېدى.

مەئمۇن: سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىڭغا نېمە سەۋەپ بولدى؟ دەپ سورىغان ئىدى، يەھۇدىي: ئۇنداق بولسا مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن، مەن ئۆتكەن قېتىم سېنىڭ سورۇنۇڭدىن چىققاندىن كېيىن، بۇ دىنلارنى سىناشنى-ئىختىبار قىلىشنى ياخشى كۆردۈم، مېنىڭ خېتىم بەك چىرايلىق، مەن تەۋراتتىن ئۈچ نۇسخا يازدىم، بۇ جەرياندا تەۋراتتىكى بەزى سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتتىم ۋە بەزى سۆزلەرنى قېتىپ قويدۇم، كىتابنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چېركاۋغا ئېلىپ بېرىپ ساتتىم، ئۇلار مەندىن كۆچۈرۈلگەن تەۋراتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن كىتابنى ئوقۇپ باقماستىن ۋە يېنىدىكى ئەسلى نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقماستىن ئېلىپ كېرىپ كەتتى، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ ئۈچ نۇسخا ئىنجىل يازدىم ئۇنىڭغىمۇ بەزى سۆزلەرنى قاتتىم ۋە بەزى سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتتىم، كىتابنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئاپىرىپ ساتتىم، ئۇلارمۇ كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ باقماستىن ۋە يېنىدىكى ئەسلى نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقماستىن ئېلىپ كېرىپ كەتتى، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ ئۈچ نۇسخا قۇرئان كرىمنى يازدىم، ئۇنى قۇرئان يازىدىغانلارنىڭ يېنىغا ئاپارسام، ئۇلار: بىز بۇنى ئوقۇپ، بۇ يەردىكى نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ ئاندىن ساڭا پۇل بېرىمىز دەپ. قۇرئاننى ئوقۇپ خاتالىرىنى، زىيادە قىلغان ۋە قىسقارتىۋەتكەن جايلارنى تېپىپ مەن يېزىپ كەلگەن قۇرئاننى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە تاس قالدى مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى، شۇ ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلدىم، بۇ ئىش مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا سەۋەپ بولدى دېدى.

# ھەج پائالىيتى

ايغور ئۇيغۇرچە

هيثم سرحان

## 1 ئېھرام

ئېھرامغا كىرىشنى نىيەت قىلىش

- شام ۋە مىسىر ئەھلىنىڭ ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى جۆھپە (186 كىلو مىتىر)
- مەدىنە ئەھلىنىڭ ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى زۇلھۇلەيپە (420 كىلو مىتىر).
- ئىراق ئەھلىنىڭ ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى زاتۇ ئىرق (98 كىلو مىتىر).
- نەجدە ئەھلىنىڭ ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى قەرنە مەنازىل (99 كىلو مىتىر).
- يەمەن ئەھلىنىڭ ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى يەلەملەم (99 كىلو مىتىر).

ئايرۇپىلاندا كەلگەنلەر ئېھرام كېيىدىغان ئورۇنغا يېقىن جايدىن ئۆتكەندە ئېھرامنى نىيەت قىلىدۇ.

## 2 دەسلەپتە كەلگەندە قىلىدىغان تاۋاپ

باشلىنىش ئاخىرلىشىش

ھەجەرئەسۋەدتىن ھەجەرئەسۋەدكىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتە قېتىم مېڭىش.

ئىككى يېشىل بەلگىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن نورمال مېڭىش، ئىككى يېشىل بەلگىنىڭ ئارىسىدا ئىتتىك يۈگرەپ مېڭىش، بۇ ئەرلەرگە خاس.

## 3 ساپا مەرۋە ئارىسىدا سەئيي قىلىش

ساپا

مەرۋە

## 4 مىنادا قونۇش

تۇققۇزىنچى كېچە

زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەننى ۋە 9-كۈنى بامداتنى مىنادا ئوقۇش

## 5 ئەرەپاتتا تۇرۇش

تۇققۇزىنچى كۈنى

- ئەرەپاتتا تۇرۇش 9-كۈنى پېشىندىن باشلاپ 10-كۈنى تاڭ يورۇغىچە
- ئەرەپاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى پېشىننىڭ ۋاقتىدا قەسىر ئوقۇش

## 6 مۇزدەلىفەدە قونۇش

ئونىنچى كېچە

مۇزدەلىفەدە تۇققۇزىنچى كېچە شام بىلەن خۇپتەننى ۋە 10-كۈنى بامداتنى ئوقۇش.

## 7 چوڭ شەيتانغا يەتتە دانە تاش ئېتىش

ئونىنچى كۈنى

ئالدى بىلەن كىچىك شەيتانغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئورتا شەيتانغا ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ شەيتانغا ھەر كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تاش ئاتىدۇ

## 8 تەمەتتۇ ۋە قىران ھەج قىلغۇچى ھەدىيسىنى بوغۇزلاش

ئونىنچى كۈنى

## 9 چېچىنى ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش

ئونىنچى كۈنى

ئەرلەر چېچىنى ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ، ئەمما ئاياللار چېچىدىن بارماقنىڭ ئۇچىدەك قىسقارتىدۇ

## 10 پەرز تاۋاپنى قىلىش

ئونىنچى كۈنى

## 11

تەمەتتۇ ھەج قىلغان ياكى دەسلەپتە كەلگەندە تاۋاپ قىلىپ سەئيي قىلمىغان كىشى ساپا-مەرۋىدە سەئيي قىلىش

## 12 شەيتانلارغا تاش ئېتىش ۋە مىنادا قونۇش

1-شەيتان

2-شەيتان

3-شەيتان

دۇئا قىلىش ئورۇنلىرى

دۇئا قىلىش ئورۇنلىرى

11-ۋە 12-كۈنى ۋە مىنادا قالغان كىشى 13-كۈنى

## 13 ۋىدالىشىش تاۋىپى

ئادەت كۆرۈپ قالغان ۋە نىپاسدارلار ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ

- ھەجنىڭ ئاساسى: ھەجنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىدىن بىرنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ ھەجى ھەج بولمايدۇ.
- ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى: ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىنى تەرك قىلغان كىشىگە ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن جازا قان كېلىدۇ يەنى قوي بوغۇزلايدۇ

alsarhaan.com
sarhaan.com

## تۇغما قانۇنىيەتلەر

**ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاللاھ ياراتقان ئەسلى سۈپەتلەر**

ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاندا، ھەر قانداق بىر ئىنساندا ئۇنىڭغا مايىللىق ۋە ئېھتىياج بولىدۇ. بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىسلەردە بايانلار كەلگەن.

| ئېنىقلىمىسى | ھۆكمى | سۈپەت |
|---|---|---|
| بۇرۇتنى كالپۇك كۆرۈنگىدەك(ئىغىزغا چۈشۈپ قالمىغۇدەك) قىسقارتىش سۈننەتتۇر. | سۈننەت، پۈتۈنلەي چۈشۈرىۋىتىش يامان كۆرىلىدۇ. | **[1]بۇرۇتنى قىسقارتىش** |
| ساقالنى قىرىش ھارام. چۈنكى ساقالنى قىرىش ئۆسۈشىگە قويىۋىتىشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ. | ۋاجىپ | **[2]ساقالنى قويىۋىتىش** |
| سەندەل ياغىچى(مىسۋاك دەرىخى) ياكى باشقا تەملىك ياغاچتا ئېغىزنى تازىلاش. بۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا سۈننەت، لىكىن تاھارەت ئالغاندا، ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا، ئۆي ۋە مەسچىتكە كىرگەندە، قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا، ئۇيقۇدىن ئويغانغان ۋە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۆلۈمنى سەزگەندە، ئېغىز پۇرىقى ئۆزگەرگەندە مىسۋاك ئىشلىتىشنىڭ سۈننەتلىكى تەكىتلىكرەك. | تەكىتلەنگەن سۈننەت | **[3] مىسۋاك ئىشلىتىش** |
| بۇرۇننىڭ ئىچىگە سۇ ئېلىپ ئاندىن چىقىرىش ئارقىلىق بۇرۇننىڭ ئىچىنى يۇيۇش | تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرىدىن | **[4] بۇرنىغا سۇ ئېلىش** |
| تىرناق ئېلىش: ئۆسكەن تىرناقنى قىسقارتىشتۇر. چۈنكى ئۇنى قىسقارتماسلىق، ئاستىغا كىرلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. | سۈننەت. قىرىق كۈندىن كىچىكتۈرىۋىتىش ياخشى ئەمەس. | **[5] تىرناق ئېلىش** |
| كىر يىغىلىۋالىدىغان ئورۇنلارنى پاكىزلاش، يەنى بارماق بوغۇملىرىدىكى قورۇقتا ئوخشىغان يەرلەرنى يۇيۇش. | سۈننەت | **[6] پۇت-قول بارماقلىرىنىڭ بوغۇملىرىنى يۇيۇش** |
| بۇ قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇش، چۈشۈرۈش ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن تازىلاشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئارقىلىق قولتۇق ئاستى پاكىزلىنىپ، بەتبۇي پۇراقلارنى يوقۇتۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. | سۈننەت. قىرىق كۈندىن كىچىكتۈرىۋىتىش ياخشى ئەمەس. | **[7] قولتۇق ئاستىنى تازىلاش** |
| ئەۋرەت ئەتراپىغا ئۆسىۋالغان تۈكچىلەر(ئەرلىك ياكى ئاياللىق). چۈشۈرۈشتىن باشقا ئۇسۇللار بىلەنمۇ پاكىزلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: تۈك چۈشۈرۈش مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاش. | سۈننەت. قىرىق كۈندىن كىچىكتۈرىۋىتىش ياخشى ئەمەس. | **[8] دوۋسۇن ئاستىنى قىرىش** |
| چوڭ-كىچىك تاھارەت ئېغىزىنى نىجاسەتتىن سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن پاكىزلاش. | تاھارەت قىلىش ئەدەبلىرىدىن | **[9] ئىستىنجا قىلىش** |
| ئېغىزغا سۇ ئېلىپ ئاندىن چىقىرىۋىتىش ئارقىلىق يۇيۇشنى كۆرسىتىدۇ. | تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرىدىن | **[10] ئېغىزنى چايقاش** |

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: <<ئون ئىش ئىنسان فىترەتلىرىدىندۇر: بۇرۇتنى قىسقارتىش، ساقالنى قويىۋىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش، بۇرنىغا سۇ ئېلىش، تىرناق ئېلىش، بارماق بوغۇملىرىنى يۇيۇش، قولتۇقنى ۋە ئەر-ئاياللىق ئەزا ئەتراپىنى تازىلاش، ئىستىنجا قىلىش>>. زەكەرىيە مۇسئەب مۇنداق دىدى دەيدۇ: ئونىنچىسىنى ئۇنتۇپ قالدىم، ئېغىزنى چايقاشمىكىن. قۇتەيبە ۋەكىئنىڭ مۇنۇ سۆزىنى زىيادە قىلدى: <سۇ تۆكۈش : ئىستىنجا قىلىش دىگىنلىكتۇر>. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

| ئېنىقلىمىسى | ھۆكمى | سۈپەت |
|---|---|---|
| زەكەر بېشىنى يۆگەپ تۇرغان تىرىنى كىسىۋىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت: ئۇنىڭغا كىرلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كىچىك تاھارەتتىن تولۇق خالاس بولۇش. | ئەرلەرگە ۋاجىپ، ئاياللارغا ئېھتىياج بولغاندا سۈننەت. | **[11] خەتنە قىلىش** |

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:<< بەش ئىش فىترەتتىندۇر: خەتنە قىلىش،...>>. بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس.

**مەنبە: شەيخ ھەيسەم سەرھان رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ < فتح المعين في تقريب منهج السالكين وتوضيح الفقه في الدين> ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.**

**ئادرىسى:** https://alsarhaan.com

و لا تعتدوا
تاجاۋۇز قىلماڭلار.

و لا تعثوا في الأرض مفسدين.
يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار

و لا تلبسوا الحق بالباطل
ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار

و لا تقف ما ليس لك به علم
بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە

و لا تمش في الأرض مرحا
سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن

و لا تصعر خدك للناس
كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن

و اخفض جناحك للمؤمنين.
مۆمىنلەرگە كەمتەر بولغىن

و اغضض من صوتك
ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن

و اقصد في مشيك.
ئوتتۇراھال ماڭغىن

و اعرض عن الجاهلين.
نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن

خذ العفو و أمر بالعرف.
ئەپۇنى دوست تۇتقىن
ياخشىلىققا بۇيرۇغىن

ادفع بالتي هي أحسن.
ياخشى خىسلەت نارقىلىق ئاقابىل
تۇرغىن

ادع إلى سبيل ربك بالحكمة
پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن

لا تبطلوا صدقاتكم بالمن و الأذى
بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار

و لا تأكلوا أموالكم بينكم بالباطل
بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار

و لا تنابزوا بالألقاب.
بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن
چاقىرماڭلار

لا يسخر قوم من قوم
بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى
مەسخىرە قىلمىسۇن

و لا يغتب بعضكم بعضا
بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى
قىلماڭلار

و لا تجسسوا.
(مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى)
ئىزدىمەڭلار

إجتنبوا كثيرا من الظن
نۇرغۇن گۇمانلاردىن
ساقلىنىڭلار

ادخلوا في السلم كافة
ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي
كىرىڭلار

و إذا حييتم بتحية فحيوا بأحسن منها
سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار

و بالوالدين إحسانا و ذي القربى و اليتامى
ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، ياخشىلىق قىلىڭلار

و أطعموا البائس الفقير
موھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار

و لا تتبدلوا الخبيث بالطيب
ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا تېگىشىۋالماڭلار

و آتوا اليتامى أموالهم
يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار

أنفقوا مما رزقناكم
سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار.

و قولوا قولا سديدا
توغرا سۆزنى قىلىڭلار

و قولوا للناس حسنا
كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا
ئەھدە ئالدۇق.

و لا تعاونوا على الإثم و العدوان
گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار

و تعاونوا على البر و التقوى
ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار

و احفظوا أيمانكم
قەسەمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار

و أوفوا بعهد الله إذا عاهدتم
سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا ، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار

و أوفوا الكيل إذا كلتم
سىلەر ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار

و زنوا بالقسطاس المستقيم
ئەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار

كونوا قوامين بالقسط
خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار.

اعدلوا
ئادىل بولۇڭلار

الموقع الرسمي
الشيخ هيثم السرحان

# بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ يوللىرى

## ناملىق ئەسەردىن قىسقارتىلدى

**ئاپتورى:**
ئابدۇراھمان بىن ناسىر سەئدى، ھىجرىيە 1307 -يىلىدىن 1376- يىلغىچە ياشىغان داڭلىق تەتقىقاتچى ۋە يېتۈك مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىرى.

**ئەسەرنى يېزىشىنىڭ سەۋەبى:**
ئاپتۇر ھىجرىيە 1373- يىلى داۋالىنىش ئۈچۈن لىۋانغا بارغاندا، ئامېرىكىلىق دالې كارنىگېنىڭ "قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ" ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ بۇ ئەسەرنى يازغان.

### 1 ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش

بۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان نەرسىگە قانائەت قىلىش، رازى بولۇش ۋە سەبىر قىلىشقا ئىلىپ بارىدۇ.

### 2 كىشىلەرگە تىلىڭىز ۋە ھەركىتىڭىز بىلەن ياخشىلىق قىلىش

ياخشىلىق ياخشىلىقنى كەلتۈرىدۇ، يامانلىقنى يوق قىلىدۇ.

### 3 پايدىلىق ئىلىم ۋە خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش

دىلىڭىزدىن سىزنى بىئارام قىلىدىغان نەرسىلەرنى يوق قىلىدۇ.

### 4 بۈگۈن قىلىدىغان ئىشنى پىكىر قىلىش

ئۆتكەنگە قايغۇرماڭ، كەلگۈسىدىن ئەنسىرمەڭ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەنسىرەش ۋە قايغۇدىن پاناھ تىلىگەن.

## 5 ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش

ئاللاھنىڭ زىكرى دىلغا تىنچلىق ۋە ئاراملىق كەلتۈرىدۇ.

## 6 ئاللاھنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى ساناپ بىقىش

بۇ شۈكۈرنى كەلتۈرىدۇ، ئەنسىرەشنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

## 7 ماددى جەھەتتە ئۆزىڭىزدىن تۆۋەنرەك بولغان كىشىگە قاراش

بۇ ئاللاھنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ھەمدە ئېتىشقا يېتەكلەيدۇ، ئەنسىرەش ۋە قايغۇنى يوق قىلىدۇ.

## 8 كەچمىشنى ئۇنتۇپ كېتىش

ئۆتكەن نەرسە قايتىپ كەلمەيدۇ، كەچمىش بىلەن مەشغۇل بولۇش پايدىسىزدۇر.

## 9 ئاللاھقا دۇئا قىلىش

دىنىڭىز ۋە دۇنيا - ئاخىرەتلىكىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىلتىجا قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ھەدىستە شۇنداق كەلگەن.

## 10 مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مەغلۇبىيەتنى مۆلچەرلەش

ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بۇ ئېغىر كەلمەيدۇ، مۇمكىن قەدەر بۇنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىش.

## 11 كۆڭلىڭىزنى ۋەھىمە - خىياللارغا قويۇۋەتمەش

ۋەھىمە دېگەن ناچار پىكىر ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى پەيدا قىلىدۇ، كېسەللىك ۋە قايغۇرۇشقا سەۋەپ بولىدۇ.

## 12 دىلىڭىز بىلەن ئاللاھقا تايىنىپ، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان كىشىگە ئاللاھ كۇپايىدۇر.

## 13 باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ئۇستىڭىزگە ئېلىش، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش

ھەر قانداق ئىنساندا ئەيىب، كەمچىللىك ۋە سىز ياقتۇرمايدىغان ئىش بولىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىك تەرىپىگە قاراش.

14

## ئېتىبارسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماڭ

، كۆڭلىڭىزنى چوڭ ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىشقا كۆندۈرسىڭىز، كىچىك ئىشلارنى ئۆزلىگىدىن تەرك قىلىدۇ.

15

## هايات قىسقا

ھەقىقى هايات قىسقا بولسىمۇ بەخت ۋە خاتىرجەملىكتۇر، قىسقا ھاياتنى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن يەنىمۇ قىسقارتىۋەتمەڭ.

16

## ھەقىقىتى بولمىغان ئېھتىماللىقلارنى ۋە ئەنسىرەشنى كۆپ قىلماڭ

سىز ئەنسىرىگەن نۇرغۇن ئىشلار ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمەيدۇ، ئاجىز ئېھتىماللىقلارنى قولدىن بەرمە، بەزىدە ئۇ كۆپ ۋە كۈچلۈك ئېھتىماللىقلاردىن غالىپ كېلىدۇ.

17

## كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن خاپا بولماڭ

كىشىلەرنىڭ ئەزىيىتى ئۆزلىرىگە بولىدۇ، سىز ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولسىڭىز، خۇددى ئۇ ئۆزلىرىگە زەرەر يەتكۈزگەندەك سىزگىمۇ زەرەر يەتكۈزىدۇ.

18

## ھاياتىڭىز پىكرىڭىزگە ئەگىشىدۇ

سىز دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان ئىشلارنى پىكىر قىلسىڭىز، ھاياتىڭىز بەختلىك بولىدۇ ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا بەختسىز بولىسىز.

19

## باشقىلارنىڭ رەھمىتىنى كۈتمەڭ

سىز ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ياكى بولمىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇئامىلىڭىز، ئۇلارنىڭ رەھمەت ئېيتمىغانلىقىغا پەرۋا قىلماڭ.

20

## پايدىلىق ئىشلارنى قىلىڭ

زىيانلىق ئىشلار ھەم-قايغۇنى كەلتۈرىدۇ، پايدىلىق ئىشلارغا تايىنىڭ.

21

## ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىڭ

ئەگەر ۋاقتىدا ھەل قىلمىسىڭىز، ئىلگىركى ئىشلارنىڭ قالغىنى بىلەن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار جۇغلىشىپ سىزنى چارچىتىپ قويىدۇ.

22

## ۋەھىملىرىنى تېزلىك، بەك مۇھىم بولغىنىدىن باشلاڭ

زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆڭلىڭىز مايىل بولغان ئىشنى تاللاڭ، كېڭىشىپ ئىش قىلسىڭىز پۇشايمان قىلمايسىز.